ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 2 ـ سان

سېنتەبىر 2020

توغرا تەشۋىقات ئۇيغىنىشنىڭ تونجى باسقۇچىدۇر

## 12-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە

# 3-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى










DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# 12 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 3 ـ نۆۋەتلىك مىللىي بىرلىك شۇراسى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەشكىللىگەن 12 -نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 3 -نۆۋەتلىك مىللىي بىرلىك شۇراسى 26 -سېنتەبىردىن 28 -سېنتەبىرگىچە ئەنقەرەدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىملىق يىغىلىشقا تۈركىيە، ئامېرىكا، ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن تەشكىلات رەھبەرلىرى، دىنىي ئالىملار، ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىن بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىلىش قۇرئان تىلاۋىتى ۋە ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى. شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئارقىدىن يىغىنغا قاتناشقان تەشكىلات رەھبەرلىرى، ۋەكىللىرى تەبرىك سۆزى قىلدى. خىتاي ۋىرۇسى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم تەشكىلات رەھبەرلىرى يىغىلىشقا كېلەلمىگەن بولۇپ، ئۇلار ۋىدىيولۇق سالام سۆزى ئەۋەتىپ، يىغىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەشتى. يىغىلىشقا يەنە تۈركىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ مۇدىر ياردەمچىسى گۆكچەن ئوقمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغان بولۇپ، تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئۇ تەبرىك سۆزىدە تۈركىيەنىڭ ھەرۋاقىت شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى

ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. يىغىننىڭ دەسلەپكى ئىككى كۈنىدە ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر



شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى، كەلگۈسى پىلان ۋە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئالاقىدار تۈرلۈك تېمىلاردا مۇھىم لېكسىيەلەرنى سۆزلىدى. بۇلاردىن سىرت يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئۈچۈن ئۆزئارا مۇھاكىمە قىلىش ۋاقتى ئاجرىتىلدى.

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ۋەكىللىرى يەنە ئۆز تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەقسىتى، قىلىۋاتقان خىزمەتلىرى ۋە كەلگۈسى نىشانى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتى. ئارقىدىن تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە ئالاقىدار تەكلىپ-پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىننىڭ ئۈچىنچى كۈنى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقان مائارىپ جەمئىيىتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۆلىمالار بىرلىكى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى قاتارلىق 28 تەشكىلات مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى. خىتابنامىدە تەشكىلاتلار ئارا ھەمكارلىقتا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارغا چىڭقىلماسلىق، پىكىر ئوخشىماسلىقىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئالاقىنى قويۇۋقلاشتۇرۇش، ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلىكلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىش قاتارلىق



مۇھىم نۇقتىلار تەكىتلەندى. ئارقىدىن بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ خۇلاسىسى ئوقۇلۇپ ئۆتۈلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى. يىغىندىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن مېھمانلار بىرلىكتە ئەنقەرەگە جايلاشقان مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ قەبرىسىنى ۋە يېڭىدىن پۈتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۆيىنى زىيارەت قىلدى. شەرقىي تۈركىستان قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جەم قىلىش، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان يىغىلىش پائالىيىتى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن2009 -يىلىدىن تارتىپ ھەريىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە. مىللىي بىرلىك شۇراسىمۇ ئوخشاشلا مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن2018 -يىلىدىن باشلاپ قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا يىلدا بىر قېتىم داۋاملىشىپ كەلمەكتە.



# ھەمكارلىق خىتاپنامىسى




12 -نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 3 -نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغان ھەرقايسى تەشكىلات رەھبەرلىرى، ئاكادېمىك تەتقىقاتچىلار، ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلار ئۆز-ئارا كېڭىشىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلدى. بۇ نۇقتىلار يىغىنغا قاتناشقان 28 تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ئورتاق كۆز قارىشى ۋە قارارى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق خىتاپنامىسى » نامىدا ئېلان قىلىندى.

يىغىندا، تەشكىلات رەھبەرلىرى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە ، پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش؛ پەرقلىق كۆز قاراش ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش؛ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خاراكتېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋىي ۋە كۇلتۇرەل قىممەت قاراشلىرىغا زىتلا بولمايدىكەن ئىش بىجىرىش ئۇسۇلى ۋە مېتودى سەۋەپلىك بىر-بىرى بىلەن زىددىيەتلەشمەسلىك، مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن بىر-بىرىنى ئىتراپ قىلىش ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاش؛ بىرلىككە كېلەلىگەن نۇقتىلاردا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش، بىرلىككە كېلەلمىگەن نۇقتىلاردا چەتكە قېقىشتىن ساقلىنىپ، پىكىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئورتاقلىشىش، تاللاش ۋە قاراشلارغا ھۆرمەت قىلىش.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارالىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلات ۋە مۇستەقىل پائالىيەتچىلەر ياشاۋاتقان دۆلەتتە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزۇشقا،

بىيۇروكراتلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش. مېدىيا، يۇمشاق كۈچ، خەلق دىپلوماتىيەسى، لوبىيچىلىق قاتارلىق ئاممىۋى مۇناسىۋەت ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ جامائەت پىكرى يارىتىش، جامائەت پىكرىنى جانلىق تەسىر كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىمۋوللۇق شەخسلەر، سىياسىي ئەرباپلارنىڭ ۋە مەشھۇرلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلاتلار ئارا ئورتاق دوكلات، ئورتاق بايانات، ئورتاق مەتبۇئات تېكىستى ئىشلىتىش، نامايىش ۋە لىكسىيەگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە، كۆرۈنۈشچان ۋە ۋاقىپلاندۇرۇش فۇنكسىيەسىگە ئىگە پائالىيەتلەردە سۆزدە بىرخىللىقا، ھەرىكەتتە بىردەكلىككە ئەھمىيەت بېرىش ۋە تونۇش پەيدا قىلىشتا ئورتاق نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە يۈزلىنىش.



ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئىمكانىيەت دائىرىسىدە دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلار ئېلىپ بېرىش. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قوللايدىغان ۋە قوللاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ دەۋاغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئىتىبارىنى ئاشۇرۇش.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زىيان يەتكۈزمىگەن، يەتكۈزمەيدىغان دۆلەت ۋە سىياسىيونلارغا دۈشمەن كۆزى بىلەن قارىماسلىق، دەۋا دوستلىرىنى كۆپەيتىش، ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى ئېھتىماللىقلار ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋە ئىلمىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا پاسسىپ كەيپىيات يارىتىۋاتقان، دەۋانىڭ تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇدىيىتىگە قارىتا سەلبىي تونۇش پەيدا قىلىۋاتقان ئورگان ۋە شەخسلەرگە، ئىچكى ۋە تاشقى «كۈچلەرگە» بىرلىكتە قارشى تۇرۇش. تەشكىلاتلار ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىچكى ۋە تاشقى جامائەت پىكرى ۋە تونۇشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى تېپىپ چىقىپ ھەل-قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىشتا ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش، بىر-بىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش؛ تەشكىلات ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئوبرازى ۋە شەخسىي تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلىنغاندا ئۆز-ئارا ھىمايە قىلىش.

يۇقارقى نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ئاساستا، تەشكىلات ۋە سەرخىللار ئارا قەرەللىك ياكى پەۋقۇلاددە يىغىن، مۇزاكىرە، مۇھاكىمىلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىستىراتېگىيەلىك ۋە جىددىي خاراكتېرلىك پىلان-لايىھەلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئورتاق

ھەرىكەت قىلىدىغان كونكېرت ھەرىكەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ چىقىش.

مېھرىبان ئاللاھتىن بۇ يىغىندا ئېلىنىغان قارارلارنىڭ ئەمەلىيلىشى ئۈچۈن بىزگە ئاسانچىلىق بېرىشىنى، يىغىنىمىزغا قاتناشقان بارلىق قېرىنداشلارنىڭ ئەجرىلىرىنى كاتتا قىلىشىنى، قەلبلىرىمىزنى ئىمانىي قېرىنداشلىق رىشتىسى بىلەن مەھكەم باغلىشىنى، بىزنى بۇ مۇبارەك دەۋا يولىدا مۇستەھكەم ۋە مۇزەپپەر قىلىشىنى تىلەيمىز














# 3. مىللىي بىرلىك شۇراسى يىغىن خۇلاسە دوكلاتى

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېشىشى، شۇنداقلا دۇنيا سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ جىددى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان سىياسى رەھبەرلەر، دىنىي ئالىملار، زىيالىلار ۋە تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 12.نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 3.نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى 2020 -يىلى 26 -سىنتەبىردىن28 -سىنتەبىرگىچە ئەنقەرە دە مۇۋەپپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىملىق مىللىي بىرلىك شۇرا يىغىنىمىزدا خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەلەپ-تەقەززاسىغا ماس ھالدا، ئىستىراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈش، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى بىرلىكتە خىزمەت قىلىش ئىگىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، دەۋايىمىزنىڭ پىرىنسىپال نۇقتىلىرىنى ئېنىقلاشتۇرۇش، دەۋايىمىزنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە بەزى جىددى قارارلارنى ئېلىش ئاساسى مەقسەت قىلىندى.

يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان تېمىلار تۆۋەندىكىچە:

1.ئامرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى.

2.ياۋرۇپا-خىتاي مۇناسىۋىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى.

3.تۈركىيە-خىتاي مۇناسىۋىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار.

4.شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا مېدىيانىڭ رولى.

5. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئەدەبىياتنىڭ رولى.

6.ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادى قىيىنچىلىقى ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى.

7. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلىرى ۋە قىزىل سىزىقلىرى.

8. ھەمكارلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى.

9. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا تەشكىللىنىش ۋە ھەمكارلىشىشنىڭ رولى، ئەھمىيىتى ۋە ئامىللىرى.

10.شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئىستىراتېگىيىلىك ھەمكارلىق ھەققىدە مۇھاكىمە.

11.تەشكىلاتلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش.

12.ھەمكارلىق شەكىللەندۈرۈش ئامىللىرى

يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم نۇقتىلار:

1. ھازىرقى خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-لايىھەلەرنى تەييارلاش ۋە ماقۇللىتىش.

2. ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋا تەرەققىياتى ۋە لوبىيچىلىق ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇش.

3. تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي قېرىنداشلىقىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تۈركىيە خەلقى ئارىسىدا ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىش.

4.مېدىيادىكى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى قېلىپلاشتۇرۇش.

5.ئەدەبىياتنى جانلاندۇرۇپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا مەنىۋي ئوزۇق بېرىش.

6.مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇقىم كىرىم مەنبەسى شەكىللەندۈرۈش.

7.شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئانا پىرىنسىپلىرىنى قوغداشقا ئۆز- ئارا ھەمكارلىق ئورنۇتۇپ ھەرخىل كۈچلەرنىڭ خىرىسغا تاقابىل تۇرۇش.



8.شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا دىنىي ۋە مىللىي قىممەت قاراشلىرىمىز ئاساسىدا ھەمكارلىقنى روياپقا چىقىرىش.

9.تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقتا توسالغۇ بولۇۋاتقان بارلىق ئامىللارغا قايتىدىن قاراپ چىقىپ، سىستېمىلاشقان، زامانىۋىيلاشقان، ئىلغار تەشكىلىي ئاپاراتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

10.ئىسلام ئەللىرى ۋە ئەرەب دۇنياسىغا خەلق دىپلوماتىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، دەۋايىمىزنىڭ خەلقئارالىشىشىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش.

شۇرا جەريانىدا ۋەتەن مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت بىر غايە ئەتراپىدا زىچ ئۇيۇشۇپ، بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ

ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئاساسىي پىرىنسىپلارنىڭ ئۆزگەرمەس قىزىل سىزىق ئىكەنلىكى تەكىتلەندى.

1.ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمى شەرقىي تۈركىستان.

2.ۋەتىنىمىزنىڭ زىمىن پۈتۈنلىكى.

3.شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنى كىملىكى.

4.شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتۇر.

5.دۆلەت گىرىبىمىز شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ماقۇللانغان گىرىپتۇر.

1. تەشكىلاتلار ئوتتىرىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق قارار چىقىرىدىغان مۇنبەرنى ئاكتىپلاشتۇرۇش.

2. ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئەمەلىيلەشكەن پائالىيەت ۋە يېغىنلارنى خەلقئاراغا جاكارلاش.

3.تەشكىلات مەنپەئەتى بىلەن مىللىي مەنپەئەتنى ئايرىش.

4. تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى خىزمەت رىقابىتىنى تەكپۈكلاشتۇرۇش.

5.تەشكىلاتلارئوتتۇرىسىدا بىر بىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش .

6. تەشكىلاتلار تەلەپنى باشقىلارغا قويۇشتىن ئاۋۋال ئۆزىگە تەلەپ قويۇش.

7.تەشكىلاتلار ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ياخشى ئانالىز قىلىش ۋە باشقا تەشكىلاتلارنى ئۆزىگە تولۇقلىما دەپ كۆرۈش. ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكنى ئېنىق بىلىش.



8.تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى پات-پات ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىشى.

9.تەشكىلاتلار ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش . مەسىلىلەرنى يۈز تۇرانە ھەل قىلالايدىغان بىر ھالەت يارىتىش. ھەمكارلىقىمىزنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كەڭەيتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق، قىرغىز،

تەكلىپ-پىكىرلەر

12. نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىششى ۋە 3. نۆۋەتلىك مىللىي بىرلىك شۇراسى يېغىنىغا قاتناشقان تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە يېغىن ئىشتىراكچىلىرى تۆۋەندىكى تەكلىپ – پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش خەلقلىرىمىزنىڭ تەشكىلات ۋەكىللىرىگىمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى شۇرا يىغىنىمىزدا ئورۇن بېرىش.

10.ۋەتەن دەۋاسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەربىر قېرىندىشىمىزنىڭ خىزمىتىنى ئېتىبارغا ئېلىش بىلەن بىللە، دەۋاغا يېڭىدىن قوشۇلغانلار بىلەن ئەسلىدىن ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى مۇناسىۋەت قۇرۇش.

11.ھەمكارلىقىمىزنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، بىر بىرىمىزنى مۇداپىئە قىلىش.

12.ھەمكارلاشقان تەشكىلاتلارنىڭ ئىززەت – ئابروينى بارلىق سورۇنلاردا ئۆز ئارا قوغداش.

13.ھەمكارلىق ئىچىدە ئېلىنغان قارارلارنى ئورتاق ئىجرا قىلىش.

12. نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 3. نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى2020 – يىلى، -26 28 – سىنتەبىر كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ پايتەختىنى ئەنقەرەدە غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

يىغىندا ئېلىنغان قارار ۋە تۈزۈلگەن لايىھەلەرنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشى ۋە مۇقەددەس ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بېسىلغان مۇھىم بىر قەدەم بولۇشى يىغىنغا قاتناشقان تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە تەتقىقاتچى ئاكادېمىكلەر، ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئورتاق ئۈمىد – ئارزۇسىدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھتىن بىزنى بۇ مۇبارەك غايە - مەقسەتلەرگە يەتكۈزۈشىنى تىلەيمىز.





# مۇستەقىللىق ۋە بىز

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان 70 يىللىق ئاسارەت جەريانىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بىر مۇستەملىكە تۇپراقتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە مىڭ يىللىق دىنىي، تارىخىي مىراسلىرىمىز خەرىتىدىن ئۆچۈرۈلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەۋملەرنىڭ ئانا تىللىرىدىن بىرى، تۈرك تىلىنىڭ ئاساسى بولغان ئۇيغۇر تىلى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش سۈيقەستىگە ئوچۇق-ئاشكارا ئۇچراۋاتىدۇ.

ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز، كىيىم-كېچەك، يېمەك ئىچمەك مەدەنىيەتلىرىمىز قەستەن، كۆز ئالدىمىزدا يوق قىلىنىۋاتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى 100% ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىلاھىي نېمەت بولغان ۋەتىنىمىز دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئەزەلدىن سۈيقەست پىلانلاپ كەلگەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يۇتۇپ كېتىشىگە تاشلاپ قويۇلغانلىقىنىڭ ئۈستىگە دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۆز يۇمۇش، تاماشا كۆرۈش،

بەزىدە خىتاي بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش، جىنايەتكە شاھىتلىق رولىنى ئوينىماقتا.

تارىخ بېتىنى ۋاراقلىساق، ئاچچىق ھەقىقەتلەر قەلبىمىزنى مۇجۇيدۇ.

ئەجداتلىرىمىز مۇستەقىللىق يولىدا قوراللىق كۆرەش قىلغان، سىياسىي مۇجادىلىمۇ قىلغان، تارىخلارنىمۇ يېزىپ قالدۇرغان.

مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سىياسىي ھاياتىم ناملىق ئەسلىمىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىدە ئىنسان ئوغلى قىلىدىغان بارلىق

تىرىشچانلىق ۋە يوللارنىڭ ھەممىنى تەجرىبە قىلغانلىقى، ماددىي دۇنيا قانۇنىيىتى بويىچە دۈشمەن ئالدىدا يېڭىلىپ قالغانلىقىنى يازىدۇ.

شۇنداقتىمۇ يۈكسەك نىشان بولغان مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچمەيدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرەتلىرى سابىت داموللام بىلەن پىكىرلىشىپ قوراللىق جىھاد قىلغان بولسا، مەرھۇم ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن بىرلىشىپ سىياسىي مۇجادىلىدە ئىنسان قىلالايدىغان ھەرقانداق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ، مۇمكىن بولغان يوللارنىڭ ھەممىنى ماڭىدۇ ۋە بۇ يولدا ئۇ قەھرىمانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن، قىلچە ئىككىلەنمەي قالماستىن ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە خىزمەت قىلىدۇ.

گەرچە شۇ ۋاقىتلاردا خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق، ۋەتەن، مىللەت ھەققىدىكى چۈشەنچە، ساپاسى يېتەرلىك بولماي، دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن بولسىمۇ 70يىللىق قىزىل خىتاي ئاسارىتى جەريانىدا مەزكۇر 3 نەرسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتكەن بىر ۋەزىيەتتە بولۇشى ئىنسانلىقنىڭ ئەقەللىي تەقەززاسى.

مۇستەملىكىچى زالىم خىتاي ھاكىمىيىتى بىزگە نەقەدەر ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقى، ئۆز تۇپرىقىمىزدىن چىققان بايلىقىمىزدىن كەلگەن دوللارنى ئىشقا سېلىپ چەتئەللەردىمۇ بىزنى بىر-بىرىمىز بىلەن دۈشمەنلەشتۈرۈپ ئىتتىرىپ، مۇناپىقلارنى ئىشقا سېلىپ

كىچە-كۈندۈز تىنىمسىز ھەركەت قىلماقتا.

بۈگۈن ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزگەردى، ۋەزىيەتمۇ ئۆزگەردى، بولۇپمۇ دۇنيانى قاپلىغان خىتاي ۋىرۇسىدىن كېيىن بۈرۈنقى دۇنيا سىستېمىسىمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

يېڭى سىستېمىدە ئورنىمىزنىڭ قانداق بولىشى بىر ئاللاھقىلا مەلۇم، ئەمما بىز ئارزۇ قىلغان ئورۇنغا ئىگە بولۇش، مۇستەقىل ۋەتەننى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتىن ۋە ئەمىلىيىتىمىز بىلەن تەييارلىق قىلىش كېرەك بولغان ئىنچىكە ۋەزىيەتتە ئىچكى نىزالار بىلەن مەشغۇل بولماقتىمىز.

بەزىلەر ۋەتەننى بىر ئىككى ئاي ئىچىدە ئازات قىلىۋېتىدىغاندەك شوئارلارنى ياڭرىتىپ مىللەتنى ھاياجانغا سېلىپ ئالەمنى-مالەم قىلىدىغاندەك تۇستە كېتىپ بارىدۇ،



بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز ئارا جېدەللەر بىلەن روھىي چۈشكۈنلىككە قاراپ كېتىپ بارماقتا.

ئاللاھ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنى سەۋەبكە باغلاپ قويغان:

«ليس للإنسان إلا ما سعى وأن سعيه سوف يرى»

{ئىنسان نېمىگە تىرىشسا شۇنىڭغا

ئىرىشىدۇ، تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ}

بۇ يەردىكى «ئىنسان» دىن مەخسەت مۆئمىن، مۇسۇلمانلارلا بولماستىن بارلىق ئىنسانىيەت كۆزدە تۇتۇلغان.

دېمەك، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ.

ۋەتەندىكىلەردىن سۆز ئېچىش، ئۇلارنىڭ نېمە ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ قىيىن بىر ۋەزىيەتتە ياشاۋاتىمىز. ۋەتەندىكى خەلقىمىز پەقەتلا ئامالسىز.

چەتئەلدىكىلەر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ ۋەتەن مۇستەقىللىقى يولىدا يېتەرلىك خىزمەت قىلدۇقمۇ؟

بۇ سوئالغا لايىقىدا جاۋاپ تېپىشقا مەجبۇرمىز.

ۋەتەن مۇستەقىل بولسا شۇ ۋەتەننىڭ پۇخراسى بولۇش بەدىلىگە بىرىكىشلىك ھەسسە قوشالىدۇقمۇ؟.

تەشكىلاتلار بولسا، مىللەتنىڭ مۈلكى، ئۇنى گۈللەندۈرۈش ياكى يىقىتىش مىللەتنىڭ قولىدا.

تەشكىلات، ۋەخپە، جەمئىيەتلەر بىرلىكىنىڭ سىمۋۇلىدۇر، ھەرقانداق بىر تەشكىلات مىللەتنىڭ قوللىشى بىلەن كۈچلىنىدۇ، كۈچلەنگەنسىرى بىرلىك ھاسىل بولىدۇ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاق-قارىنى، توغرا-خاتانى پەرقىتەلەيدىغان ئەقىل نېمىتىنى بەرگەن بولغاچقا ھەربىر ئىنسان بىرىكىشلىك ھەسسە قوشۇش، مەنىلىك ياشاشنى خالايدىكەن ئەتراپىدىكى ھەسسە قوشۇشنى خالىغان تەشكىلاتنىڭ قورۇلۇش تارىخى، قىلغان خىزمەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشى، ئىزدىنىشى، ئۇندىن كېيىن تەشكىلاتقا بىرىكىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇشى ۋىژدانى مەجبۇرىيەتتۇر.

ھەر بىر كىشى ئۇخلاپ قوپۇپ، چاپىقىنى ئۇلىشىپتىپلا تەشكىلاتتىن بىرنى قۇرۇپلا پالاق-پۇلۇق ۋەتەننى ئازات قىلىشىپتىدىغان ئىش نەدە بارئىكەن.

بىلىمى، ۋاقتى، پۇلى ئارقىلىق خىزمەت قىلىش، ۋەتەن ئازاتلىقىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشنى خالىغان ئادەم ئوتتۇرغا چىقىپلا يېڭى بىر ئىش قىلمەن دېمەستىن مەۋجۇت تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ھەسسە قوشالايدۇ.

چەتئەلدە دۈشمەنىنىڭ ئەڭ قاتتىق ئەنسىرەيدىغىنى تەشكىلاتلارنىڭ كۈچلىنىشى، داۋانىڭ خەلقئارالىشىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە تەھدىد شەكىللەندۈرىشىدۇر.

دۈشمەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان مەۋجۇت تەشكىلاتلارنى يوققا چىقىرىپ، يېڭىدىن تەشكىللىنىش تەشەببۇسلىرى پايدا ئەمەس زىيان ئېلىپ كىلىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ.

مىللەت تەشكىلاتلارنى قامچىلاشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىش كېرەك.

مۆلچەرلىنىشىچە، چەتئەلدە 2مىليۇنغا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق ياشايدۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت، شەھەرلەردە ھەقىقىي خىزمەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارغا ئىختىيارى ئەزا بولۇپ، ئاز بولسىمۇ بەدەل تۆلەۋاتقانلارنىڭ سانى قانچىلىك؟!

ئەزاسى مىڭغا يەتىدىغان تەشكىلات بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق!.

مىسال قىلىپ كەلتۈرسەك، دۇنيا ئۇيغۇر قورۇلتىيى يىللاردىن بىرى ئۇيغۇرلۇق بەدەل يىغىش تەشەببۇسىنى قىلىپ كىلىۋاتىدۇ، ئىككى مىليۇن ئۇيغۇردىن ئىككى مىڭ ئۇيغۇر 5$ دىن ئايلىق بەدەل تۆلىسە ئىدى ئايىدا 10مىڭ$ دوللار يىغىلاتتى، كۆپ ئىشلار ۋۇجۇتقا چىققان بولاتتى..

بۈگۈنكىدەك نازۇك ۋەزىيەتتىمۇ ۋەتىنىمىنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا مەيداندا ئەمەلى خىزمەت قىلىدىغان مىڭدا 1% نى تەشكىل قىلالماسلىقى بىر پاجىئە.

مۇستەقىللىق يولىدا مىللەت ئورتاق كۈچ چىقارمايۋاتقان بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەتتە «مۇستەقىللىق» شۇئاردىن ئىبارەت بولۇپ قالامدۇ؟!

مۇستەقىللىق ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سەممىي بولساق ئىنىرگىيىمىزنى ئۆز ئارا جىدەل-ماجرا بىلەن ئۇپراتماستىن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارنى قىلىشىمىز كىرەك.

ھەممە ئادەم ئالىم، سىياسىيون، مۇتەخەسسىس بولمايدۇ، ئاللاھ ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىگە لايىق ئىمتىيازنى بەرگەن. بىرسىدە ئىلىم، بىرسىدە ئەقىل، بىرسىدە پۇل، بىرسىدە كۈچ... دېگەندەك.

شۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ۋىژدانىي بۇرچىدۇر.

بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتتە خىتاي مۇستەملىكىسىگە تاقابىل تۇرغىدەك كۈچىمىز يوق، دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى سەۋەبكە باغلانغان.

بىز ئۇنى قىلىۋېتىمىز، بۇنى قىلىمىز، ۋەتىنىمىزدىن خىتاينى قوغلاپ چىقىرىمىز، ئاز قالدى دەپ چوڭ گەپلەرنى قىپ قويۇپ، ئەتىنگەندىن كەچكىچە ۋاتساپ، فېسبۇكلاردا پىتنە تىرىش، مىللەتنىڭ روھىي كەيپىياتىنى چۈشكۈنلىككە ئېلىپ بېرىشتەك بولمىغۇر قىلمىشلار بىلەن مەشغۇل بولساق ۋەتەن قانداقمۇ ئازات بولسۇن؟!

چەتئەللەردە ياشىغان ئىكەنمىز قىلالايدىغان ئىشلىرىمىز كۆپ.

پەن-تېخنىكا ئۆگىنەيلى، ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى بىلىم ئىگەللىشىگە شارايىت يارىتىپ بىرەيلى.

بايلار سادىقە زاكاتلىرىنىغۇ بىرىدۇ، (ئاللاھ ئىمان ئاتا قىلغانلار) تاپاۋىتىنىڭ بىرقانچە پىرسەنتىنى ۋەتەن ئۈچۈن ئاتىيالىشى كېرەك.

بىزدىن مىڭلارچە سىياسىيون، مىڭلارچە ئىقتىساتشۇناس، مىڭلارچە ئادۇكات، مىڭلارچە مېدياچى، قىسقىسى يىتەرلىك ئىختىساس ئىگىلىرى يىتىشىپ چىقمىغۇچە قورۇق شۇئارغا ۋەتەن ئازات بولمايدۇ.

بۈگۈنكىدەك ھالقىلىق پەيتتە يوقىلاڭ ئىشلار، بىرلىرىنىڭ بىرجۈملە سۆزدە خاتالىشىپ قېلىشىدەك ئىنسانىي سەھۋەنلىكلەرنى تۇتىۋېلىپ ئالەمنى-مالەم قىلىشلار، ۋەتەنىنىڭ ئىسمى، مىللەتنىڭ تەركىۋىنى تالىشىپ ئولتۇرۇشلار ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ ئاخىرى مىللەتنى ئىنتىھار (ئۆلىۋېلىش) دىن باشقىغا ئېلىپ بارمايدۇ.

تارىخىمىز، مىللى كىملىكىمىزنى بەلگۈلەيدىغانلار تارىخ مۇتەخەسسىسلىرى بولۇپ، ھەر ساھەدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كىتابلارنى يېزىپ چىقىشى كېرەك.

دۇنيانى بىز مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىقا لاياقىتىمىز ۋە سالاھىيىتىمىز بارلىقى

ھەققىدە قانائەتلەندۈرەلىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكىدە ئۇيغۇرغا كەلگەن پۇرسەت يەنە قايتا كەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئۈمىتسىزلىك ئىنساننىڭ دۈشمىنى، مىللەتنى پىتنە-پاساتلار بىلەن روھىي چۈشكۈنلۈككە سۆرەپ كىرىش مىللەتكە دۈشمەنلىك قىلغانلىق.

خۇلاسە:

مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت ئالىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نوقتىلاردا بىر قەدەر تاكامۇللۇققا مۇھتاجمىز:

مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ يۇكسىلىشى. بىلىم ئەھلىنىڭ كۆپىيىشى.

ئۈمۈيۈزلۈك سەپەرۋەرلىك.

دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشى بىلىش. خەلقئارانىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

مۇستەقىللىق يولىدا شارايىت يار بەرگەن ھەرقانداق يوللۇق ۋاستىلەر بىلەن كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش.

ئاخىرىدا، ئالى نىشانغا يېتىشتە دۇنيانىڭ ماددىي سەۋەپلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش بىلەن بىرگە ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ مۆجىزىسىگە، مېھرى-شەپقىتىگە، ئال قولۇم دەپ ئىنئام قىلىشىغا مۇھتاجمىز...

**-بىلال ئەزىزى**



# مۇتەخەسسىسلەر: خىتاي ئاق تاشلىق كىتابىدا ۋاستىلىق ھالدا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ كۆلىمىنى ئاشكارىلىدى



ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 14 -سېنتەبىر ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىشلىق خىتاي مەسئۇللىرىغا قارىتا تۇتۇپ قېلىش قارارى چىقارغاندىن كېيىن، 17 -سېنتەبىر خىتاي دۆلەت ئىشلىرى كابىنېتى «شىنجاڭدىكى ئەمگەك ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. مۇتەخەسسىسلەر بولسا، خىتاينىڭ ئاق تاشلىق كىتابىدا ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى» ئاقلاش ئۈچۈن قوللانغان مەلۇماتلىرى ئارقىلىق ۋاستىلىك ھالدا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئاخبارات ئىشخانىسى ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابتا: «شىنجاڭدا يىللىق ئوتتۇرىغا تەربىيەلەنگەن ئەمگەك كۈچى 1 مىليون 288 مىڭ ئادەم قېتىم» دېيىلگەن. تەيۋەن مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى تەيۋەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى شى جيەنيۇنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇنىڭ خىتاينىڭ تۇنجى قېتىم ئاشكارە ھالدا «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»(يىغىۋېلىش لاگېرلىرى-ت)نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا تەڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىلگىرى خوڭكوڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان شى جيەنيۇ 1990 -يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ خىتاينىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ۋە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. ئۇ «خوڭكوڭ دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تەيۋەنگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر دۆلەتلىك چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2014 -يىلدىن 2019 -يىلغىچە، شىنجاڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 288 مىڭ شەھەر-يېزا ئىشچىسىنى تەربىيىلىگەن.» شى جىيەنيۇ مەركىزى ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا مۇنداق دېدى: «بۇ قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تۇنجى قېتىم «ۋاستىلىك ئېتىراپ قىلىش» بىلەن باراۋەر ... يىللىق ئوتتۇرىچە تەربىيىلەنگەن ئادام 1 مىليون 288 مىڭ. بۇ سان ئاساسەن (قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ سانىغا قارىتا) خەلقئارالىق تەخمىنلەر بىلەن ماس كېلىدۇ.» ئۇ مۇنداق ئىزاھلىدى: «بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرىدا ئىككى ياكى ئۈچ يىل تۇتۇپ تۇرىلىدۇ، بەزى كىشىلەر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قايتا كىرىدۇ. بۇ بايانات قايتا تەربىيىلەش ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەر يىلى 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى سىغدۇرالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، يەنى بۇ لاگېرلاردا ھازىر ئۈزۈندىن بۇيان تۇتۇپ تۇرۇلغان بىر مىليون كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ».

شى جيەنيۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاق تاشلىق كىتابنى ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراش كېرەك ئىكەن. ئامېرىكا بۇ يىل 5 -ئايدا «2020 -يىلى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»نى ماقۇللاپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھازىرقى ياكى سابىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا، شۇنداقلا نۇرغۇن شىركەتلەرگە جازا يۈرگۈزۈشكە باشلىدى؛ 9 -ئايدا، ئامېرىكا تاموژنا ئىدارىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا «ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىش بۇيرۇقى» چىقاردى؛ پارلامېنت يەنە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى ئوتتۇرىغا قويماقتا. شى جيەنيۇ كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت ۋە سېتىلىشىنىڭ چەكلىنىشى مۇمكىنلىكىنى، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ماقۇللىنىشى مۇمكىنلىكىنى، بۇنىڭ رايوننىڭ دېھقانچىلىق ۋە سانائەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.






# ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئاشكارىلاش قانۇنى» لايىھەسىنى ماقۇللىدى

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى 23-سېنتەبىر چارشەنبە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئاشكارىلاش قانۇنى» (Uyghur Forced Labor Disclosure Act) لايىھەسىنى 187 گە قارشى 229 ئاۋاز بىلەن ماقۇللىدى. بۇ ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئىككى كۈن ئىچىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشىغا قارشى ماقۇللىغان ئىككىنچى قانۇن لايىھىسى بولۇپ قالدى.

دېموكراتچى ئاۋام پالاتا ئەزاسى جېننىفېر ۋېكستون(Jennifer Wexton) ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئاشكارىلاش قانۇنى» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سودا تىجارىتى ۋە ئالاقىسى بار ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، شىركەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغانمۇ-يوق ياكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار-يوقلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

22-سېنتەبىر، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» ئاۋام پالاتاسىدا 3 كە قارشى 406 ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى.

ئاۋام پالاتا ئەزاسى جىم مەكگوۋېرن چارشەنبە كۈندىكى يىغىندا سۆز قىلغاندا: «بىز مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ناھايىتى ئومۇملاشقانلىقىنى ۋە ناھايىتى سىستېمىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. تەپتىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مۇھىتى ھەققىدە ئەركىن ۋە سەمىمىي سۆزلىيەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېقىندىن كۆزىتىدۇ ۋە قورقۇتىدۇ».

ماكگوۋېرن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ قانۇننى چىقىرىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى شۇكى، ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ئاشكارىلاش تەرتىپى ئارقىلىق ئامېرىكىلىق مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنى قوغدايدۇ ھەمدە ئۇلارغا خىتاي ۋە خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ ئۇ يەردە بارلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشقا ھەسسە قوشقان».



# ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى شەرقىي تۈركىستاندىكى 380 دىن ئارتۇق يىغىۋېلىش لاگېرىنى ئېنىقلاپ چىقتى

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى 24- سىنتەبىر ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى 380 دىن ئارتۇق يىغىۋېلىش لاگېرىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاۋىستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى پەيشەنبە كۈنى «شىنجاڭ سانلىق مەلۇمات تۈرى» تور سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2019- يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى «تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇش پۈتتۈردى» دېگەن سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى ھەمدە بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ داۋاملىق يېڭى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان تەتقىقاتچى ناتخان رۇسېر(Nathan Ruser) «گېرمانىيە ئاۋازى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرىدىكى «كۇرسانتلارنىڭ» ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 ۋە 2020-يىللىرى يېڭى تۇتۇپ تۇرۇش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق مەبلەغ سالغانلىقىنى كۆرسەتتى. 2019- يىلى 12-ئايدىن باشلاپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كەم دېگەندە 61 تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى يېڭى قۇرۇلۇش باشلىغان، 14 تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ».

2017- يىلىدىن باشلاپ سۈنئىي ھەمراھ رەسىمى، گۇگۇل يەرشارى خەرىتىسى ۋە باشقا قوراللار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى، تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى ۋە تۈرمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 380 دىن ئارتۇق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنى ئېنىقلىغان. 380 دىن ئارتۇق قاماقخانىنىڭ ئىچىدە ،% 50 ى بىخەتەرلىك دەرىجىسى يۇقىرى ئەسلىھەلەر بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىخەتەرلىك دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن «قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى»نى ئىشلىتىشنى تەدرىجىي توختىتىۋاتقانلىقى ۋە مەھبۇسلارنى بىخەتەرلىك دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان تۈرمىلەرگە يۆتكىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. ئىكەن.



# كەلگۈسىمىزنى قوغدايلى !

بىر مىللەتنىڭ ياشلىرى شۇ مىللەتنىڭ كېلەچىكىدۇر، ئۇ مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى ياراتقۇچىلاردۇر. مىللەتنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى،كېلەچىكىنىڭ پارلاق ياكى يوقىلىشقا مەھكۇملۇقى شۇ مىللەتنىڭ ياشلىرىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ساغلاملىقىغا، ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. مىللەتنىڭ 20 يىلدىن كېيىنكى ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولغان كىشى شۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى پەرزەنتلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا، قانداق تەربىيە بېرىۋاتقانلىقىغا، ئۇلارغا قانداق كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى بالىلار ۋە ياشلار 10-15 يىلدىن كېيىن مىللەتنىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى 100 يىلدىن بېرى ۋەھشىي، ھىيلىگەر، رەھىمسىز بىر دۈشمەن بىلەن تۈرلۈك مەيدانلاردا كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە ۋە قىلىۋاتىدۇ . بۇ مەيدانلارنىڭ بىرى دەل ئەۋلاد تەربىيەسى ۋە ياراملىق ياشلارنى يېتىشتۈرۈش مەيدانىدۇر. دۈشمەنلەر ۋەتىنىنىڭ ئىچىدىكى مەيدانىدا مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپلا قالماستىن، چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ كۆز تىكمەكتە. بۇنى مىللىتىنى ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ساتىدىغان، تەبىئىتى بۇزۇق سېتىلما خائىنلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارماقتا.

يېقىندىن بېرى ئاز بىر تۈركۈم ياشلىرىمىزنىڭ خاتا يوللارغا كىرىپ قالغانلىقى ۋە بىر قىسىم يامان ئىشلار بىلەن ئۆزىنى نابۇت قىلىۋاتقانلىقى ئاشكارا بولماقتا. يېشىنىڭ كىچىكلىكى، دۈشمەن قوللىرىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە، مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ياشايدىغان ھايۋان سۈپەتلەرنىڭ ئالدىشى نەتىجىسىدە جىنايەت پاتقىقىغا پېتىۋاتقانلىقى

بىلىنمەكتە. بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇ ياشلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساھە كىشىلىرى جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئاسان بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئىستىسناسىز، تەخىرسىز ھالدا پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۈستىگە چۈشمەكتە. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئامانىتى. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، قايسى يۇرتتىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەسلىكىمىز ئاللاھ ئالدىدا، كېيىن مىللەت ئالدىدا مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقىغا دالالەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرلىقىنى، مۇسۇلمانلىقىنى، پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، يۇرتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمىز.

ئۇلارنى قانداق قۇتۇلدۇرىمىز؟

ئەنەس ئىبنى مالىك (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى سەھرالىق بىر كىشى كېلىپ مەسچىتكە كىردى ۋە مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپ كىچىك تاھارەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر ئۇ كىشىنى قاتتىق سۆز،قوپال مۇئامىلە، ئېغىر گەپلەر بىلەن توسماقچى بولۇشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام توسماقچى بولغان كىشىلەرگە: «گەپ قىلماڭلار، ئارىلاشماڭلار، ھاجىتىنى تولۇق ئادا قىلىۋالسۇن» دېدى، ئۇ كىشى ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولۇۋېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ ھاجەت قىلىپ قويغان يېرىگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈۋېتىڭلار» دېدى، ساھابىلەر سۇ ئەكېلىپ، ھاجەت قىلغان يەرگە تۆكۈۋەتتى. (بۇخارىي، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)



يەنە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا (يەنى ئەشەددىي زالىم پىرئەۋنگە ) يۇمشاق سۆز قىلىڭلار. ئۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى، ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن» (تاھا سۈرىسى، -44ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتى ئازغان، توغرا يولدىن چىققان، خاتا ئىشلارنى قىلغان، يامان يولغا كىرىپ كەتكەن كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولى، ئۇسۇلى ۋە چارىسىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا يۇقىرىقى ھەدىس ئىسلاھات يولىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئايەتنىڭ روھى، ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئازغانلارنى ئىسلاھ قىلايلى، خاتا يولغا مېڭىپ قالغان ياشلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى، دېسەك تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك.

1. ئۇلارغا قۇچاق ئېچىپ، مېھىر-مۇھەببەت بېرەيلى، ئارىمىزغا ئالايلى، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىملىكىنى، يالغۇز غېرىبلىقىنى ھېس قىلدۇرمايلى.

2. سەن ئۇنداقچى، ياكى مۇنداقچى، دەپ تىللاپ

ھاقارەت قىلىدىغان، ئۆيدىن، سورۇنىمىزدىن، ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان ئىشلارنى قىلماستىن، گەپ-سۆزدە چىرايلىق، مۇئامىلىدە ياخشى، نەسىھەتتە سىلىق-سىپايە، مېھرىبان بولايلى! چۈنكى ئارىمىزدىن، ئۆيىمىزدىن قوغلىغانلىق ئۇلارنى ھالاكەتكە،گۇمراھلىققا ئىتتىرگەنلىكتۇر، دۈشمەننىڭ رەزىل سۇيىقەستلىرى ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى جامائەتتىن، توپتىن ئايرىلسا جەھەننەمگە ئايرىلىدۇ» (تىرمىزى رىۋايىتى). بىزدە يەنە مۇشۇ ھەدىسكە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشايدىغان بىر ماقال-تەمسىل بار (توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلىرىمىزنى يات قوللارغا تاشلاپ بەرمەيلى!

3. ئۇلارنىڭ يېشىغا، قىزىقىشىغا، ھەۋىسىگە لايىق يوسۇندا تەربىيە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنايلى، ئۇلار ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتايلى، يېقىنىغا، دوستىغا ئايلىنايلى.

4. تەربىيە ئۇسۇلىدا تەدرىجىي ئۆزگەرتىش، جەلپ قىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىش، قەلبىنى مايىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش يولى بىلەن قېشىمىغا، سېپىمىزگە قېتىش. چۈنكى بۇ ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىز قوللانغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللاردۇر.

5. گەپ ئاڭلىمايدۇ، نەسىھەت قوبۇل قىلمايدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ تاشلىۋېتىش، ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىش، كارى بولماسلىق ئوخشاشنىڭ ئۇسۇلى ئەمەس. چۈنكى «ئۆمەرنىڭ ئېشىكى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۆزى مۇسۇلمان بولمايدۇ» دەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز ۋاز كەچمىدى، تاشلىۋەتمىدى.

6. ئوقۇش يېشىدىكى ياشلارنى مەكتەپكە، مەدرىسىگە بېرىش ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئوقۇشىغا ياردەم قىلىش، بارلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئۇلارنى ئۇيغۇر بىناسىنىڭ بىر خىشى، ئۈممەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈۋرۈكى، دەپ چۈشىنىش كېرەك.

7. ئەۋلادلار ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلىش، ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىق تىلەش. ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلغانلىقىنى بايان مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن». بۇ ئايەت بىزلەرگە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەۋلادلار ھەققىدە دۇئا قىلىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى تەۋپىق، ھىدايەت ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر.

8. ئەڭ مۇھىمى ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلارغا ياخشى ئۈلگە، گۈزەل نەمۇنە بولۇشى كېرەك. چۈنكى بالىلارنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئاتا-ئانىسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بالا ساغلام فىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئاتا-ئانىسى ئۇ بالىنى يەھۇدىي ياكى خرىستىيان ياكى ئاتەشپەرەس قىلىپ چىقىدۇ. خۇددى چارۋىنىڭ بالىسى تۇغۇلۇشىدا ساق تۇغۇلۇپ، كېيىن ئەيىبلىك قىلىنغىنىغا ئوخشاش» (بۇخارى رىۋايىتى).

دېمەك بالىدىكى ئىش-ھەرىكەت ۋە مەنىۋى ئۆزگىرىشلەرنىڭ باش سەۋەبچىسى ئاتا-ئانا ئىكەنلىكىنى بۇ ھەدىس بىزگە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىگە قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. ياخشى، يارامىلىق

ئەۋلاد بولۇشنى بالىلاردىن تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىمىزدە شۇنداق ئۈلگەمنى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى، چۈنكى ياشلار دېگەننى ئەمەس، قىلغاننى ئۆرنەك قىلىپ ياشايدۇ.

ئەجىر ئالاي، ساۋابقا ئېرىشەي، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشاي دېسىڭىز تارقىتىپ قويۇڭ!

**ئابدۇقەييۇم قۇددۇس**



# بۆلۈنۈش سەۋەبلىرى ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى



ئەلۋەتتە ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر پىكىر ھەققىدە ئىلمىي تالاش- تارتىش قىلىش بىلەن تالاش- تارتىش قىلىش نەتىجىسىدە بۆلۈنۈپ كېتىش ۋە جېدەل - ماجىرا قىلىش ئارىسىدا زور پەرق بار. دىنىمىزغا قارايدىغان بولساق شەرئى دەلىللەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەرخىل ئىزاھلاشنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىش مەسىلىسى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزقاراشنىڭ تۈرلۈك بولۇشى تەبىئىي مەسىلە. لېكىن كۆزقاراش ھەققىدە ئىلمىي تالاش- تارتىش قىلىشتىن ھالقىپ كېتىش پىكىر مۇتەئەسسىپلىكىگە ۋە ئەخلاقتىن چەتنەشكە ئېلىپ بارىدۇ، ھەمدە جېدەل -ماجىرا ۋە بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولىدۇ. ئىلمىي تالاش- تارتىش جېدەل- ماجىراغا ئايلىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىز شەرئەت چەكلىگەن دائىرىگە كىرىپ قالىمىز.

بىرىنچى، بۆلۈنۈش كۆرۈنۈشلىرى

ئىجتىمائىي ھاياتىمىزغا قارايدىغان بولساق، بەزىبىر كۆزقاراش ھەققىدە بولۇۋاتقان سۆھبەتلەر ياكى تالاش-تارتىشلارنىڭ دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەخلاقتىن چەتنەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا مۇئەييەن بىر كۆزقاراش ھەققىدە بولۇۋاتقان تالاش- تارتىشلار ھەقىقەت ۋە توغرىلىقنى كۆزلىمەستىن، ھەر تەرەپنىڭ ئۆزىگە يان بېسىش، باشقا تەرەپنى مات قىلىش ۋە باشقا تەرەپنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىش بولۇۋاتىدۇ.

تالاش تارتىش قىلغۇچى ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان ھەمدە نىشان- مەقسەتلىرى بىر تۇرۇپمۇ، بۆلۈنۈپ ياكى جېدەللىشىپ ھەرىكەت قىلىشى ئەقىلغا ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك، چۈنكى دەۋەت بىلەن بۆلۈنۈش ياكى سىياسەت بىلەن بۆلۈنۈش بىرلەشمەيدۇ.

ئىككىنچى، بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبلىرى

دەۋەتچىلەرنىڭ ياكى سىياسەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بۆلۈنۈش بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنىڭ

بىرى. گەرچە بۆلۈنۈش ۋە جېدەل -ماجىرانىڭ پەيدا بولۇشىدا دۈشمىنىمىزنىڭ چوڭ رولى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىمىز دۈشمەننىڭ پىلانلىرىغا سەگەك بولالىساق، دۈشمەننىڭ بۇ توغرىدىكى سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىنىپ قالالايتتۇق، بۆلۈنۈپ كەتمەيتتۇق. ھالبۇكى، بىزگە كېلىۋاتقان خاپىلىق ۋە خاپىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ئۆزىمىزدىن پەيدا بولماقتا: «سىلەرگە ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن بولىدۇ» (شۇرا سۈرىسى، 30 - ئايەت).

### ئۈچىنچى، بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولىۋاتقان ئامىللار

1. سىياسىي رېئاللىقتا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە توغرا- خاتا ياكى كۈچلۈك - ئاجىز پىكىر دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا «ھەق ياكى باتىل» دەپ مۇئامىلە قىلىش.

2. ئىجتىھادنى قوبۇل قىلمايدىغان كەسكىن مەسىلىلەر بىلەن ئىجتىھادنى ۋە تۈرلۈك كۆزقاراشتا بولۇشنى قوبۇل قىلىدىغان مەسىلىلەرنى ئايرىماسلىق.

3. ھازىرنىڭ ئۆزىدە جىددىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار چۈشەنچىسى ۋە ئەۋزەللىك ئۇقۇمىنىڭ يوقلۇقى.

4. ھالقىلىق چوڭ مەسىلىلەردە بىلىمسىز ۋە تەجرىبىسىز كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىۋېلىشى ياكى پەتىۋا بېرىشى.

5. تالاش- تارتىش قىلىش چۈشەنچىسى ۋە مۇنازىرە قىلىش ئەدەب- ئەخلاقىنىڭ يوقلۇقى.

6. يېتەكچى سىياسىي پىرىنسىپلارنىڭ كۈچلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن بەكرەك ھەر تەرەپنىڭ ئۆز تەشكىلاتىنىڭ كۈچلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى.

7. ھەمكارلىق ۋە بىرلىشىش ئۇقۇمىدىن ئۇمىدسىزلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىشنى ئەمەلىي جەھەتتىن تۈگەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

### تۆتىنچى، ئەخلاق كىرىزىسىنىڭ مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى

1. سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ۋە پىكىرلىشىش ئەخلاقىنىڭ يوقلۇقى.

2. كۆيۈنۈشنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئېغىر بېسىق بولۇشنىڭ يوقلۇقى.

3. ئىمانى قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنىڭ يوقلۇقى ياكى ئاجىزلىقى.

4. ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، مەنمەنچىلىك قىلىش ۋە كىبىرلىك.

5.غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، بوھتان، تىللاش، ھاقارەتلەش دېگەندەك تىل ئاپەتلىرى.

6. ھەقىقەت، پىرىنسىپ ياكى توغرىلىقنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ، ئۆزىگە يان بېسىش.

7. باشقىلارغا يامان گۇماندا بولۇش ۋە شۇ ئاساستا مۇئامىلە قىلىش.

8. پىكىر ياكى ئېقىم ياكى تەشكىلاتقا مۇتەئەسسىپلىك قىلىش.

9. ئالىملارنى ۋە كەسپى ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ھۆرمەتلىمەسلىك.

10. چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ۋە كىچىكلەرنى قەدىرلىمەسلىك.

### بەشىنچى، ئىمان تەربىيەسىنىڭ ئاجىزلىقى

ئىمان تەربىيەسى ۋە قەلبىنى پاكلاش تەربىيەسىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە رىئايە قىلىنمايىۋاتىدۇ. ھەمدە قېرىنداشلىق كۈچلۈك بولسا، ئىماننىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، قېرىنداشلىق ئاجىز

بولسا، ئىماننىڭ ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىنمايۋاتىدۇ.

ئالتىنچى، بۆلۈنۈشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماسلىق

بىلىمسىزلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ھېس قىلماسلىقى ئۇنى نادان ھالەتتە قالدۇرىدۇ. شۇنىڭدەك سىياسىيەتچىلەرنىڭ بۆلۈنۈش ۋە بىرلىشەلمەسلىكىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماسلىقى بۆلۈنۈش ھالىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. قېرىنداشلار ئارىسىدا پايدىسىز تالاش- تارتىش كۆپەيگەنسېرى، ئۇلارنىڭ كۈچلىرى ئاجىزلاپ كېتىدۇ ۋە ئارقىمۇ ئارقا مەغلۇبىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ: «ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئىشلىرىڭلار ئۇنۇملۇك بولمايدۇ ۋە كۈچ- قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ» (ئەنفال سۈرىسى، 46 - ئايەت).

يەتتىنچى، بۆلۈنۈشنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى

1. ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ سەۋەبلەرنىڭ ئارىسىدا ھەل قىلىش چارىسى تېپىلىدۇ، چۈنكى قىيىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەردىن قۇتۇلۇش قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئاڭ ياخشى چارىسىدۇر.

2. سىياسىي ئېقىملار ئارىسىدا پىرىنسىپال ئورتاق نۇقتىلاردا ھەمكارلىشىش، بىر-بىرىگە مەدەت بېرىش، بىرى يەنە بىر تەشكىلاتنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى دەپ قاراش، ھەمدە تەشكىلاتلار ياكى سىياسىي ئېقىملار ئارىسىدا ھەمكارلىق مەجلىسى شەكىللەندۈرۈش.

3. سىياسىي تەشكىلاتلار ئارىسىدا ئىسلامنىڭ قېرىنداشلىق ئېڭىنى ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى قانات يايدۇرۇش

4. سىياسىي ئېقىملار ئارىسىدا ئورتاق كېلەلەيدىغان نۇقتىلارنى ئورتىغا چىقىرىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش.

5. «مېنىڭ كۆزقارىشىم توغرا، لېكىن خاتا بولۇشى مۇمكىن، باشقىلارنىڭ كۆزقارىشى خاتا، لېكىن توغرا بولۇشى مۇمكىن» ۋە «ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلغان كىشى ئىككى ساۋابقا، خاتالىشىپ قالسا بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ھەر ئىككىسىدە ياخشىلىق بولىدۇ» دەيدىغان قائىدىگە ئاساسىدا تالاش- تارتىش قىلىشنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقلىرىنى جانلاندۇرۇش لازىم.

**ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى**


1949-10-01
çin
DOĞU TÜRKİSTAN
ER.SERHAN

# مەنبەلەر

http://turkistantimes.com/uy/news-13601.htmlhttp://turkistantimes.com/uy/news-13332.html

http://turkistantimes.com/uy/news-13597.html

http://turkistantimes.com/uy/news-13530.html

http://turkistantimes.com/uy/news-13561.html

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھىلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋى رەسىم | **ئىرشات سەرھان** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**